شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
23
دۈشەنبە
维吾尔文 3 月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25009 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو - نامىبىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ نامىبىيە زۇڭتۇڭى گېينگوب بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى نامىبىيە زۇڭتۇڭى گېينگوب بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما ئەۋەتىپ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

2 - بەتتە

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نۆۋەتلىك تۈر قۇرۇلۇشى خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۆۋەتلىك تۈر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش، زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۆك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نۆۋەتلىك تۈر قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى ۋە نۆۋەتلىك تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت ئېڭى، تەخىرسىزلىك ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر ئارقىلىق، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى تۇتۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇھىم تىرەك ۋە كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق نۆۋەتلىك تۈر قۇرۇلۇشىغا بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى نىشانلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، مەۋقەنى ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە كەسىپ ئاساسىغا قويۇپ، كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرنى تولۇقلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، تۈرنى ئىلمىي پىلانلاپ، ئاممىۋى سەھىيە، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە باشقۇرۇش، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردىكى 4 مىليون 367 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى بۈگۈن ئوقۇش باشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردىكى 4 مىليون 367 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى مەكتەپكە قايتىپ رەسمىي ئوقۇش باشلىدى.

ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى، ئىلمىي قوماندانلىق قىلدى، ھەرقايسى جايلار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدىتىش - ئۆلچەش، خادىم، ماددىي ئەشيا كاپالىتى، مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەش قاتارلىقلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىش جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) ئۈچ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇ گۇرۇپپىلار مەكتەپلەرنى تور يېيىش شەكلىدە تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىپ، مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ، تۈرمۇتۈر تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ تۈزەتتى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مائارىپ، سەھىيە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تارماقلىرى بىرلىكتە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى ھەم ئوقۇتقۇچى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

بۇ يىل «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» تۈرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 290 مىڭ ئائىلىلىككە يېقىن ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئۇقۇشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 24 ناھىيە، شەھەر، 199 يېزا - بازار، 1078 كەنت، 288 مىڭ 672 ئائىلىلىك ئاھالىنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىدىكەن. مۆلچەرلىنىشچە، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، پار بېرىش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاھالىلەرنىڭ توك بىلەن ئىسسىنىش ئۈسكۈنىسىنى نورمال ئىشلىتەلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدىكەن.

2019 - يىلى قىشتا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ئاھالىلەر تۇنجى «مەش» ئىشلەتمەيدىغان ئىسسىنىش پەسلىدىن بەھرىمەن بولدى. «ئىلگىرى كۆمۈر قالاپ ئىسسىناتتۇق، ئۆينىڭ ئىچى كۆل بولۇپ كېتەتتى، بەزىدە يېرىم كېچىدە كۆمۈر سېلىشنى ئۇنتۇپ قالساق توڭلاپ ئوخلىيالمايتتۇق. بۇلتۇر كەنتتە توك بىلەن ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرى نۆۋەتتە سىناق قىلىپ ئورنىتىلدى، قىش كىرىشى بىلەنلا ئائىلىمىزدە توك بىلەن ئىسسىنىش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلاندۇق، پاكىز ھەم قولايلىق ئىكەن» دېدى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسى گۈلباش كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرئېلى قاسىم.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز 17 مىڭ كارخانىغا 132 مىليون يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: «2 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىلتىماس قىلىش ۋە توردا بېجىرىش ئارقىلىق بىز 28 مىڭ يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ئالدۇق، بۇ، كارخانىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا پايدىلىق رول ئوينىدى» دېدى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ جيۇشىڭخې ئۇرۇقچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى فەن شياڭدۇڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز 132 مىليون يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتقان، بۇنىڭدىن 17 مىڭ كارخانا مەنپەئەتلەنگەن، 431 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى مەنپەئەتلەنگەن.

ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

كېمەيگىنى ئىجارە ھەققى، تىكلەنگىنى ئوبراز

سۆز ھەممىگە

☐ جاڭ بېي

شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى ئالتە جەمئىيەت سېلىنمىسى كارخانىسى تەرەققىيات رايونىدىكى 556 ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچىنىڭ 10 مىليون 446 مىڭ يۈەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى؛ شىنجاڭ ياجۇڭ (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى گۇرۇھ قارمىقىدىكى بازاردىكى 3105 سودىگەرنىڭ 12 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى… بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تاراتقۇلاردا كۆپ قېتىم ئېلان قىلىندى، ئىقتىدارى، شارائىتى بار بۇ كارخانىلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئۇسۇلى ئاچقۇچلۇق پەيتتە سودىگەرلەر، ئىجارىگە ئالغۇچىلارنى يۆلىدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 968 نەپەر قۇرۇلۇش ئىشچىسى چۇشكەن ئىشلەمچىلەر مەخسۇس پويىزى چېڭدۇدىن يولغا چىقىپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۆۋەتلىك تۈر قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىدۇ. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېن لياڭ فوتوسى

قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئىشلەمچىلەر مەخسۇس پويىزى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى

ساۋەن كان رايونىنىڭ شەرقىي رايون ئومۇمىي يىرىك پىلانى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭنىڭ كۆمۈر بايلىقىنى ئېچىشنى قوللاش ئۈچۈن، يېقىندا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساۋەن كان رايونىنىڭ شەرقىي رايون ئومۇمىي يىرىك پىلانىنى تەستىقلىدى. بۇ، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز تەستىققا ئېرىشكەن 6 - كان رايونى ئومۇمىي يىرىك پىلانىدۇر.

ساۋەن كان رايونىنىڭ شەرقىي رايونى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ساۋەن ناھىيەسىگە جايلاشقان، كان رايونىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 9.5 — 13.8 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 1.5 — 5.6 كىلومېتىر كېلىدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش ⑦

ئىستېمال بازىرى قىزىپ كەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **خېي خۇڭۋېي، مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيەلەشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى چېڭ لىجۈەن ئائىلىسىدىكىلەر ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ بەنفاڭگوۋ بازىرىدىكى شىنجاڭ خۇاليەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىغا كىرىپ بۆلجۈرگەن ئۈزدى. بۆلجۈرگەن پارنىكىغا كىرىش بىلەن، خۇش پۇراق مېۋە ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى، چېڭ لىجۈەن بىر تەرەپتىن بۆلجۈرگەن ئۈزگەچ، بىر تەرەپتىن بالىسىنى سۈرەتكە تارتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى شادلىققا چۆمدى. «ھەپتە ئاخىرىدا، بالىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، مېۋە ئۈزۈشتىن شادلاندۇق، باھارنىڭ ھىدىنى ھېس قىلدۇق» دېدى چېڭ لىجۈەن.

ھازىر دەل پارنىك بۆلجۈرگىنى بازارغا سېلىنىدىغان پەسىل، باغچىدىكى بۆلجۈرگەنلەر ياخشى ئاينىغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزۈۋېلىشقا جەلپ قىلاتتى، سېتىلىشى ياخشى ئىدى. «ھازىر ھەر كۈنى باغچىدا ئۈزۈپ سېتىش سوممىسى 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز توردا سېتىش، تور سىرتىدا مال يەتكۈزۈش ئەندىزىسىنى داۋاملىق قوللىنىپ، كۈندە 200 گە يېقىن زاكاز قوبۇل قىلىپ سېتىۋاتىمىز» دېدى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىنىڭ مەسئۇلى دۇۋ فۇجياڭ تونۇشتۇرۇپ.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) ۋەندا مەيدانىدىكى يىجيا خۇيخاۋ تاللا بازىرىدا كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. سۈرەتتە: شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تاللاپ سېتىۋالماقتا. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شې لۇڭ فوتوسى

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۇقۇم چەكلەپ قويغان، توختىتىپ قويغان ئىستېمال ئېھتىياجى قويۇپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى تىپتىكى ئىستېمال ۋە دەرىجىسى ئۆسكەن ئىستېمالمۇ يېتىلدۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا زورايدى. شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازارىنىڭ پىيادىلەر كوچىسىدا ساياھەتچىلەر مېھرىنى ئۇزىلمەي، تۈرلۈك نازۇ نېمەت ۋە مىللىيچە ئالاھىدىلىككە باي ناخشا - ئۇسسۇل ئويۇنلىرىدىن مەستخۇش بولدى؛ سانجى شەھىرىدىكى كىتاب ئوقۇش قەھۋەخانىسى، كىچىك تىياتىرخانا قاتارلىقلار تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شەھەر ئاھالىسىنى يېڭى ئىستېمال تالللىشى بىلەن تەمىنلىدى؛ خوتەن كەچلىك بازىرى ئېچىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى؛ تىيانشان بوغدا كۆلى، تىيانشان چوڭ جىلغىسى، قاناس قاتارلىق نۇرغۇن مەنزىرە رايونلىرىمۇ تەدرىجىي جانلاندى…

(ئاخىرى 3 - بەتتە)